# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى

# 中华人民共和国民族区域自治法

مىللەتلەر نەشرىياتى

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى

# 中华人民共和国民族区域自治法

مىللەتلەر نەشرىياتى

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى

# 中华人民共和国民族区域自治法

مىللەتلەر نەشرىياتى

# 中华人民共和国民族区域自治法

（维吾尔文）

中国民族语文翻译中心译

出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2001年4月第1版　2008年3月北京第2次印刷
开　　本：850×1168毫米　32开
印　　张：3.875
定　　价：5.00元

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى

## جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى تەرجىمە قىلدى


نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى

ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010

ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى

نەشرى : 2001 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى

ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم

باسما تاۋىقى : 3.875

باھاسى : 5.00 يۈەن


此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ بۇيرۇقى

(46-نومۇرلۇق)

«مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى〉غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» 2001-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى، ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلسۇن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن

2001-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى

# مۇندەرىجە

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ بۇيرۇقى (46-نومۇرلۇق)**
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ······ (1)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ······························ (19)
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات ······
··················································· (52)
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار(لايىھە)نىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىگە دائىر يازما دوكلات ········································· (69)
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ·········· (74)

# 目　录

中华人民共和国主席令(第四十六号) …………………… 1

全国人民代表大会常务委员会关于修改《中华人民共和国民族区域自治法》的决定 …………………… 3

中华人民共和国民族区域自治法………………………… 13

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى

(2001-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20-سانلىق يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۆۋەندىكىدەك تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى:

1. سۆز بېشىنىڭ 1-تەبىئىي ئابزاسى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى — مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا قىلغان كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ماركسىزم-لېنىنىزم بىلەن ھەل قىلىدىغان تۈپ سىياسىتى، دۆلەتنىڭ تۈپ بىر سىياسىي تۈزۈمى.»

3-تەبىئىي ئابزاس مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، بۇ تۈزۈمنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.»

5-تەبىئىي ئابزاس مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شۇ جايلارنى ئىتتىپاقلاشقان، گۈللەنگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش، مەملىكىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشى لازىم.»

2. 14-ماددىنىڭ 2-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ جايلارنى قانۇندا

بەلگىلەنگەن تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ياكى قوشۇۋېتىشكە بولمايدۇ؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ رايون چېگرىسى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئۇنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ؛ ھەقىقەتەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، قوشۇۋېتىشكە ياكى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەستىقلىتىدۇ.»

3. 17-ماددىنىڭ 1-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خادىملار تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خادىملىرىدىن مۇۋاپىق سەپلىنىشى كېرەك.»

4. 18-ماددا مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قارمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كادىرلىرى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خادىملىرىدىن مۇۋاپىق سەپلىنىشى كېرەك.»

5. 19-ماددا مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ۋە



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق . ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ .ئاپتونوم ئوبلاست ، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملىرى ئۆلكىلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ .» 16-ماددا ، 34-ماددا ۋە 35-ماددىدىكى «ئاپتونوم رايونلۇق» دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە «بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك» دېگەن سۆز قوشۇلدى .

6 . 20-ماددا مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى : «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار ، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمىگەندە ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ، جانلىق ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدۇ ؛ شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 60 كۈن ئىچىدە جاۋاپ قايتۇرۇشى لازىم .»

7 . 22-ماددىغا بىر تارماق قوشۇلۇپ 2-تارماق قىلىندى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى خىزمەتچى خادىملارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش ۋاقتىدا ، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خادىملىرىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشى كېرەك .»

8 . 23-ماددا مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانىلار ، كەسپىي ئورۇنلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئادەم ئىلىش ۋاقتىدا ، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتتىن ئىلىشى لازىم ھەمدە يېزىلاردىكى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىدىن ئالسا بولىدۇ . »

9 . 25-ماددا بىلەن 26-ماددا بىرلەشتۈرۈلۈپ ، 25-ماددا قىلىنىپ مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ فاڭجېن ، سىياسەت ۋە پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ . »

10 . 27-ماددىنىڭ 1-تارمىقى 26-ماددا قىلىنىپ ، مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى مۇۋاپىق تەڭشەيدۇ ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرىدۇ . »

بىر تارماق قوشۇلۇپ 2-تارماق قىلىندى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرىدۇ ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىدۇ . »

11 . 28-ماددىنىڭ 2-تارمىقى 27-ماددىنىڭ 2-تارمىقى قىلىنىپ ، مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يايلاق ۋە ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە بەرپا قىلىدۇ ، كۆچەت-جىرىم تىكىش ۋە ئوت-چۆپ تېرىشقا تەشكىللاتچىلىق قىلىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ . ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ يايلاق ۋە ئورمانلارغا ھەرقانداق ۋاستە بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ . يايلاق ۋە ئورمانلاردا ئوت-چۆپ ۋە دەل-دەرەخلەرنى ۋەيران قىلىپ تېرىلغۇ يەر ئېچىشنى مەنئى قىلىدۇ . »

12 . 31-ماددا چىقىرىۋېتىلدى .

13 . 32-ماددا 31-ماددا قىلىندى ، ئۇنىڭ 3-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تاشقى ئىقتىسادىي سودا پائالىيەتلىرىدە دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . »

14 . 33-ماددا 32-ماددا قىلىندى ، ئۇنىڭ 3- ، 4-تارماقلىرى بىرلەشتۈرۈلدى ھەمدە مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش مالىيە تۈزۈلمىسى ئاساسىدا ، دۆلەتنىڭ مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىشنىڭ قېلىپلاشقان تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئېتىبار بېرىشىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . »

15 . بىر ماددا قوشۇلۇپ 35-ماددا قىلىندى : «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ، يەرلىك سودا بانكىلىرىنى ۋە شەھەر-يېزا ئامانەت-قەرز ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى تەسىس قىلسا بولىدۇ . »

16 . 37-ماددىنىڭ 1-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى :

«مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، ھەرخىل مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنى ۋە ئوتتۇرا كەسىپ-تېخنىكا مائارىپىنى كۆپ خىل شەكىل بىلەن راۋاجلاندۇرىدۇ، شارائىت ۋە ئېھتىياجغا قاراپ، ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ.»

2-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاز سانلىق مىللەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىن، ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولغان ئاز سانلىق مىللەت تاغلىق رايونلىرىدا مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇشنى ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى ئېلىشنى ئاساس قىلغان، ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇشنى تاماملىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەكتەپ ئېچىش خىراجىتى ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلىنى شۇ جايلارنىڭ يەرلىك مالىيىسى ھەل قىلىدۇ، شۇ جايلارنىڭ يەرلىك مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە ياردەم بېرىشى كېرەك.»

3-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەر (سىنىپلار) ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ شارائىتى يار بېرىدىغانلىرى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىكلەرنى قوللىنىشى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتۈشى كېرەك؛ ئەھۋالغا قاراپ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەن

سىنىپلىرىدىن ياكى يۇقىرى سىنىپلىرىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسىنى تەسىس قىلىش، مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.»

بىر تارماق قوشۇلۇپ 4-تارماق قىلىندى: «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىك ۋە نەشىر بۇيۇملىرىنى تۈزۈش-تەرجىمە قىلىش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتىگە مالىيە جەھەتتىن يار-يۆلەك بولۇشى لازىم.»

17. 38-ماددىنىڭ 1-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي شەكىل ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات، سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ. مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قارىتىلغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، مەدەنىيەت مۇئەسسەسلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىدۇ.»

2-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلارنىڭ مىللىي تىلدىكى تارىخىي كىتابلار ۋە مەدەنىيەت كىتابلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشىر قىلىش ئىشلىرىغا تەشكىللاتچىلىق قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ، ئۆز مىللىتىگە خاس مەشھۇر يادىكارلىقلارنى، قىممەتلىك ئاسار-ئەتىقىلەرنى ۋە باشقا مۇھىم تارىخىي، مەدەنىي مىراسلارنى قوغدايدۇ، ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ.»

18. 40-ماددىنىڭ 2-تارمىقى مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى:

«مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇلارنى تىزگىنلەش ۋە ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ، داۋالاش-ساقلىق ساقلاش شارائىتىنى ياخشىلايدۇ.»

19. 44-ماددىغا بىر تارماق قوشۇلۇپ، 1-تارماق قىلىندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پىلانلىق تۇغۇت ۋە ساغلام تۇغۇش-ئوبدان بېقىش يولىنى تۇتۇپ، ھەر مىللەت نوپۇسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ.»

20. 45-ماددا مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تۇرمۇش مۇھىتىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرايدۇ ۋە ياخشىلايدۇ، بۇلغىنىشنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى تۈگىتىدۇ، نوپۇس، بايلىق ۋە مۇھىت ئىشلىرىنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.»

21. 47-ماددا مۇنداق دەپ تۈزىتىلدى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دېلولارنى قاراپ چىقىش ۋە تەكشۈرۈشتە، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىلنى قوللىنىشى ھەمدە شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىنى ئوبدان بىلىدىغان خادىملارنى مۇۋاپىق سەپلىشى كېرەك. شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل-يېزىقىنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى كېرەك. قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل يېزىق بىلەن يېزىشى كېرەك. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com